شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
29
دۈشەنبە
维吾尔文 6 月29日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25107 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ كىرىباتى زۇڭتۇڭى ماماۋنىڭ ئۇدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تانېش ماماۋغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كىرىباتى زۇڭتۇڭلۇقىغا ئۇدا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن كىرىباتى 2019 - يىلى 9 - ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. بۇ يىل 1 - ئايدا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى

كەلكۈن، ھۆلچىلىك، گېئولوگىيەلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 6 - ئايدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ جياڭنەن، خۇانەن، شىنەن رايونلىرىدا قارا يامغۇر كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، نۇرغۇن جايلاردا كەلكۈن، ھۆلچىلىك، گېئولوگىيەلىك ئاپەت يۈزبەردى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرملىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەلكۈن، ھۆلچىلىك، گېئولوگىيەلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا پائال نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، دۆلىتىمىزدىكى كۆپ جايلار ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىگە كىردى، بەزى رايونلاردا كەلكۈن ئەھۋالى ئېغىر، يېقىندا يەنە تەيفېڭ بورىنى كۆپ چىقىدىغان مەزگىل يېتىپ كېلىدۇ. دۆلەت كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق ئىشتابى قاتارلىق تارماقلار بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار رايونلارنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، تەيفېڭ بورىنىدىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى رايونلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش، ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشنى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەلكۈن ئەھۋالىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنى ۋاقتىدا رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا كۈچلۈك تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ياخشى قوغداپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

خوتەن تۈەنچېڭدا، كونا كوچا يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزۈلۈپ يۇرت ھېسسىياتى ساقلاپ قېلىندى

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش · كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑨

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ**

گۈللۈك بالىخانا، نەقىشلەنگەن ئىمارەتلەر، قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن قاتار - قاتار چىرايلىق كىچىك بىنالار تۈەنچېڭنى خوتەن شەھىرىدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق «ھۆسنى گۈزەل» جايغا ئايلاندۇردى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈەنچېڭ كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئەتىرگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتتى، كوچىدا سەيلە قىلسىڭىز، قاتار - قاتار خاس مىللىي ئۇسلۇبتىكى رەت - رەت ئىمارەتلەر، تۈپتۈز كەتكەن تەكشى يوللار، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلاردىكى دوپپا، ئاسما گىلەم، مىس چۆگۈن، ئەتلەس قاتارلىق خاس مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مۇۋاپىق پىلانلانغان، رەتلىك، پاكىز تاشقى مۇھىتمۇ تۈەنچېڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىسىدە گۈل - گىياھ تېرىش قىزغىنلىقىغا تۈرتكە بولغان بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان دېرىزە تەكچىلىرى سۈرەتكە ئالغۇچىلارنىڭ نەزەرىدىكى بىر مەنزىرىگە ئايلانغاندى.

ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا، تۈەنچېڭدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇرۇزى مەمەت سەھەردىلا ئىشىكنى ئېچىپ، سۇ چېچىپ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى كوچىنى پاكىز تازىلىدى، دۇكىنىغا قايتىپ كىرىپ بازىرى ئىتتىك ئاسما گىلەملەرنى كۆزگە تاشلىنىدىغان جايغا تىزىپ، خېرىدارلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قومۇل قوغۇنى پىشتى | 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قوغۇنچى دېھقانلار قوغۇن ئۈزمەكتە. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، قومۇل شەھىرىنىڭ ئىۋىرغول رايونى بوغاز يېزىسىدىكى يېشىل، زىيانسىز قومۇل قوغۇنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا تېرىلغان 10 مىڭ مو يەردىكى قومۇل قوغۇنى ئارقا - ئارقىدىن پىشتى، قوغۇنچى دېھقانلار ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ قوغۇن ئۈزۈپ، بازارغا سېلىپ ساتتى. ☐ پولات نىياز فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىز 19 تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، دىققەتنى كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش جەريانىدىكى ئاغرىق نۇقتىسى ۋە توسۇق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىققا ۋە قوللىنىشچانلىققا ئىگە 19 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ كاپىتال بازىرىغا تايىنىپ ئەلالىشىپ كۈچىيىشى، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىغا مەددەت بەرگەن.

پېيى بازارغا سېلىنىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك زاپاس بايلىقنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، «يولغا قويۇش پىكرى»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار رايون خاراكتېرلىك پاي ھوقۇقى بازىرى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن زەنجىرلىك، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

زاپاس قىسىملارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارارنى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «زاپاس قىسىملارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارار» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى. «قارار»دا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ، زاپاس قىسىملار ئارمىيەنىڭ رەھبەرلىك قوماندانلىق سىستېمىسىغا ئومۇميۈزلۈك كىرگۈزۈلۈپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ قوش رەھبەرلىك قىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشىغا تەڭشىلىدۇ.

«قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: زاپاس قىسىملار خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000دىن ئارتۇق كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مەركەز مالىيەسى ئاپتونوم رايونغا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات تۈر مەبلىغى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 50 مىليون 850 مىڭ يۈەن دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى يۆلەش قاتارلىق يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى 26 مىڭ 424كە يەتكەن. «2010 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا ئاران 3652 ھەمكارلىق كوپېراتىپى بار ئىدى. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000دىن كۆپرەك كۆپەيدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كەنتتە ئىككىدىن ئۈچكىچە ھەمكارلىق كوپېراتىپى بار» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېتەكلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى شيەن ۋېنشىن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 93 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 93 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئىستېمالنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيەنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش، ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تاۋار سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خاس سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 92 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 92 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، نىزام چىقىرىش ۋە ۋەكىللەر خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنى ئاڭلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئارخىپىنى باشقۇرۇش، 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)